ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ «1+N» يۈرۈشلۈك تەدبىرى چىقىرىلدى

# يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتىگە ئىگە قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياڭ شۈخەننىڭ** 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئېچىلغان شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ «1+N» يۈرۈشلۈك تەدبىرى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈش بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «1+N» يۈرۈشلۈك تەدبىرىنى چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتىگە ئىگە قىلغان.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈشنى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمىلىرى خىزمىتىدىكى مۇھىم ۋەزىپە ۋە ئىسلاھاتنىڭ يارقىن نۇقتىسى قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، رايونلار ماس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش قاتارلىقلارغا پائال مۇلازىمەت قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى قانۇن يۈرگۈزۈش ھۆكۈم - كېسىمدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالدىنقى مەزگىللىك تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، قايتا - قايتا دەلىللەش ئاساسىدا، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتىگە ئىگە قىلىش توغرىسىدىكى «1+N» يۈرۈشلۈك تەدبىرىنى تارقاتتى.

«1» — ئەمدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتىگە ئىگە قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» بولۇپ، نىشان - ۋەزىپە، پرىنسىپنى ئېنىقلاش، نۇقتىلىق ۋەزىپە، ھەيدەكچىلىك قىلىش - تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتىگە ئىگە قىلىشدىكى مۇھىم كۆرسەتمە سۈپىتىدە، كونكرېت خىزمەت تەدبىرلىرى بىرتۇتاش ئېنىقلانغان؛ «N» — شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر قاتار ئىنچىكە ئىسلاھات تەدبىرلىرى تۈزۈلۈپ، كونكرېت مەشغۇلات چارىسى، باسقۇچلۇق ۋەزىپە، يول - تەدبىرلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، «يولغا قويۇش پىكرى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن.

كېيىنكى قەدەمدە، «1+N» يۈرۈشلۈك تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ۋەيران بولۇشنى سوت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن يۈرگۈزۈش جەھەتتە قوغداش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن يۈرگۈزۈش جەھەتتە قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش، سىرتقا ئېچىۋېتىشتە يېڭى ئېگىزلىك بەرپا قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىش، دەۋا مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، دەۋا مەنبەسىنى ئىدارە قىلىشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال نەتىجە يارىتىپ، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى فۇنكسىيەلىك رولىنى جايىدا جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىدىكى تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشان ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق، ئەمەلىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، مەسىلىنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى، ئىزچىللىقىنى ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئاڭلىق ئادا قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈش، ئىجرا قىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ روھىنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، تۈرتكە بولۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قېزىلما بايلىق تولۇقلىما ھەققى ئېلىش - ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كان گېئولوگىيەلىك مۇھىتىنى تۈزەش - ئەسلىگە كەلتۈرۈش كاپالەت پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى بىكار قىلىش توغرىسىدا قارار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى

**215 - نومۇرلۇق**

«‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قېزىلما بايلىق تولۇقلىما ھەققى ئېلىش - ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى›، ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كان گېئولوگىيەلىك مۇھىتىنى تۈزەش - ئەسلىگە كەلتۈرۈش كاپالەت پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسى›نى بىكار قىلىش توغرىسىدا قارار» 2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 83 - دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى، ئۇنى ئېلان قىلدۇق، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

**ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر**
**2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى**

قانۇنچىلىقنىڭ بىردەكلىكىنى قوغداپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قېزىلما بايلىق تولۇقلىما ھەققى ئېلىش - ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى»(1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 47 - نومۇرلۇق پەرمانىدا ئېلان قىلىنغان،1997 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ھ [1997] 97 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئۆزگەرتىلگەن، 2010 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 165 - نومۇرلۇق پەرمانىدا تۈزىتىلگەن)، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كان گېئولوگىيەلىك مۇھىتىنى تۈزەش - ئەسلىگە كەلتۈرۈش كاپالەت پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسى»(2008 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 155 - نومۇرلۇق پەرمانىدا ئېلان قىلىنغان)نى بىكار قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

بۇ قارار ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرى تېخىمۇ ئېغىر، تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرى، قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ زور بولىدۇ. ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا سىياسەت كاپالىتى، مەبلەغ مەدىتى ۋە خىزمەت كۈچى يېتەرلىك، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارمۇ مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى. پەقەت كىرىچنى چىڭىتىپ، غەيرەتنى ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرسەكلا، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تامامەن قەرەلىدە تاماملىيالايمىز.

نامراتلارنى يۆلەشتە تۈپتىن يۆلەشكە توغرا كېلىدۇ، «قان بېرىش» تېخىمۇ مۇھىمى «قان ئىشلەش» كېرەك. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە، شۇنداقلا نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى. يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە قارىتا، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە يولۇققان كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە مەدەت بېرىپ، «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى قوزغىتىش كېرەك. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى زورايتىشنىڭ ئاچقۇچى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، رايون خاس كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خاس مەھسۇلات يارىتىپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى ۋە تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى ئۆستۈرۈشتۇر. كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش مەبلىغى ۋە نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سىياسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئالاقە تورىدا سېتىش يولى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ تېز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ئاممىغا نەپ يەتكۈزۈش، قىيىن يېرى سىجىل مۇقىم بولۇشنى ساقلاش. كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ مۇقىم بولغان مەنپەئەتنى باغلاش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىشقا ئورۇنلىشىش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى، بايلىق مەنبەسى. نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا كۈچ قوشۇشتا، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساس. 2019 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 27 مىليون 290 مىڭ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئەمگەك كۈچى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلدى، بۇ ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشتىن كېلىدۇ. يۇقۇمنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، بىر قىسىم نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشى توسالغۇغا ئۇچراپ، كىرىمى ئازايدى. نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى تېزدىن ئېچىپ، ئىش ئورنىغا قايتىشىغا دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇپ ياردەم بېرىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلەمچىلىك قىلىشقا، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئالدىن قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇقىملىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، مۇقىم تۇرالايدىغان، تەدرىجىي بېيىيالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. پەقەت قولدا ئىش بولسا، كىرىم قىلىپ تۇرسا، نامرات ئاممىدا ئاندىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدى پەيدا بولىدۇ، بېيىشقا ئاتلىنىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا، ھەم بىرلا كۈچەپ ئىستىھكامنى ئېلىپ، ھەم كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ نەتىجىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجە - ئۈنۈمىنىڭ سىناقتىن ئۆتەلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. جەزمەن شۇنى كۆرۈش كېرەككى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلار ۋە ئاھالە ئىچىدە، بەزىلىرىنىڭ كەسىپ ئاساسى بىرقەدەر ئاجىز، بەزىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئانچە مۇقىم ئەمەس، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپ - خەتىرى يەنىلا مەۋجۇت. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، «تۆتنى تاشلىماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تېز بەرپا قىلىپ، قاراتمىلىققا ئىگە ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قوللىنىش كېرەك. ھەرقايسى جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، چېكىنىپ چىقىش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك. نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرى، ئىختىساسلىقلىرى، مەدەنىيىتى، ئېكولوگىيەسى، تەشكىلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق بېيىش يولىدا چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# جۇڭگونىڭ قازاقىستاننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قازاقىستاننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى ئون كىشى خىزمەت ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئايروپىلاندا ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن ئايروپورتتا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

ئۆتكەن 14 كۈندە، داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نۇرسۇلتان، قاراغاندا ۋە ئالمۇتاغا بېرىپ، قازاقىستاندىكى كەسپداشلار بىلەن بىرلىكتە بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، قازاقىستان ئاممىۋى سەھىيە مەركىزىنىڭ جىددىي ھەرىكەت مەركىزى، دۆلەت ئىلىم - پەن، يۈرەك تاشقى كېسەللىكلەر مەركىزى، بېكىتىلگەن ئايرىۋېتىش سورۇنلىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. قازاقىستان سەھىيە مىنىستىرلىقى، ئاممىۋى سەھىيە مەركىزى، تىببىي مەكتەپ قاتارلىق تارماقلار بىلەن 44 مەيدان(قېتىم) توردا ۋە تور سىرتىدا يىغىن ئېچىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئاغرىق مەسىلىرىنى ئىلغاپ تەكشۈرۈش، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئاغرىق مەسىلىرىنى باشقۇرۇش، كلىنىكىلىق دىياگنوز قويۇش - داۋالاش، ئېغىر كېسەللەرنى كۆزىتىش، مەھەللىلەرنىڭ ساغلاملىق باشقۇرۇشى ۋە تەجرىبىخانا مەشغۇلاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، قازاقىستان تەرەپنىڭ قازاقىستان 6 - نۇسخا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش قوللانمىسىنى تۈزۈشكە ياردەملەشتى ھەم 10 مىڭدىن ئارتۇق تىببىي خادىم، ئاممىۋى سەھىيە خادىمى، تەجرىبىخانا خادىمى، مەھەللە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خادىمىنى 35 مەيدان(قېتىم) مەسلىھەت بېرىش ۋە تەربىيەلەش بىلەن تەمىنلىدى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى يەنە سىندا كۆرۈشۈش شەكلى ئارقىلىق قازاقىستاندىكى خۇارىن - خۇاچياۋلار، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ۋە شۇ جايدىكى جۇڭگو مەبلەغ سالغان كارخانا خادىملىرىغا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش بىلىملىرى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلىرى، كەسپىي ھەم سەممىي ئورتاقلىششى قازاقىستان ھۆكۈمىتى، داۋالاش كەسپداشلىرى، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى. قازاقىستان سەھىيە مىنىستىرى بىرتانوف مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى، بۇ قېتىم جۇڭگونىڭ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشى قازاقىستاننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قازاقىستاننىڭ 1 - مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى نۇرىشېف جۇڭگو تەرەپ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جۇڭگو - قازاقىستاننىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق دوستلۇقى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى نامايان قىلدى، دەپ قارىدى، ئۇ، جۇڭگو داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى، قىزغىن - دوستانىلىقىنى، قازاقىستاندىكى كەسپداشلار ۋە قازاقىستان خەلقىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ، قازاقىستاننىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى كۈچلۈك ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ماختىدى.